يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# قارشى يۆنىلىشتە يۈرۈش قىلىش يولىدا، سىز ئۈچۈن بوران - چاپقۇننى توسۇيمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۋا، لى چۈنشيا، چاۋ جىن، سۇ لۈيىڭ، جەزىرە نىسىپبېك

يۇقۇم ئالدىدا، كەڭ تېببىي خادىملار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلار يۇقۇمغا قارشى جەڭنىڭ بىرىنچى سېپىدە كېچە - كۈندۈز جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ھاياتلىقنى قوغداش، ئۈلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىشتەك دوختۇرلارنىڭ مېھرىبان قەلبى ۋە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش روھىنى نامايان قىلدى، شۇنداقلا قارشى يۆنىلىشتە يۈرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ئوبرازىنى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبىدە تىكلىدى.

سىز مەن ئۈچۈن تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدىڭىز، مەن سىز ئۈچۈن بوران - چاپقۇننى توسۇيمەن. ئاپتونوم رايونىمىز بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى ھەم جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، يېقىشلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارغا ياخشى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى ياخشى ئاسراپ، ياخشى قوغداپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىق ۋە كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسىنى باشتىن - ئاخىر ساقلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

### ئائىلىدەك تۇرۇشلۇق جاي

بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىگە ئاتلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 18 مېھمانخانىنى بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدىكى تېببىي خادىملار مەركەزلىك دەم ئالىدىغان تۇرۇشلۇق جاي قىلىپ ئىشلىتىپ، 51 مەخسۇس ۋەزىپىدىكى خىزمەتچى خادىمنى تاللاپ ئەۋەتىپ، تۇرۇشلۇق جاي مېھمانخانا مۇلازىمەت كاپالىتى گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، ئۇلار تاماق بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن قانات يايدۇرۇپ، تېببىي خادىملارغا تۇرۇشلۇق جايدا ئائىلىگە ئوخشاش ئىللىقلىقنى ھېس قىلدۇردى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سائەت 17دە، شىنجاڭ كادىرلار شۆيۈەنى(تەشكىلات خىزمىتى سارىيى) تېببىي خادىملار مەركەزلىك دەم ئالىدىغان تۇرۇشلۇق جايدىكى مەركىزىي ئاشخانىدا، مەززىلىك تائاملار ئالدىراش تەييارلىنىۋاتاتتى. يەنە بىر سائەتتىن كېيىن، خىزمەتچى خادىملار كەچلىك تاماقنى 233 تېببىي خادىمنىڭ ياتىقى ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ.

«بىز تېببىي خادىملارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، توققۇز يېتەكچى بىلەن ئالاقىلىشىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، قورۇما تىزىملىكىنى ھەر ۋاقىت تەڭشەپ، قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە ھەربىر كىشىنى ياخشى يېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق.» شىنجاڭ كادىرلار شۆيۈەنى(تەشكىلات خىزمىتى سارىيى) تېببىي خادىملار مەركەزلىك دەم ئالىدىغان تۇرۇشلۇق جاي باشقۇرۇش - مۇلازىمەت گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن شىمىڭ مۇنداق دېدى: تۇرۇشلۇق جايدا تاماق تۈرىنى ئەڭ زور ئىمكانىيەتتە كۆپ خىللاشتۇرۇپ، ئوزۇقلۇقنىڭ مول بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

ئاساسىي مۇلازىمەتنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، يەنە تېببىي خادىملارغا ھەر تەرەپلىمە كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئىككى كۈن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ تېببىي خادىمى جاۋ بىن شىنجاڭ خوجۇ سارىيى تېببىي خادىملار مەركەزلىك دەم ئالىدىغان تۇرۇشلۇق جايدا ئۇنتۇلغۇسىز بىر قېتىملىق تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزدى.

«ئۇ كۈنى مەن تۇرۇشلۇق جايغا قايتىپ كېلىپ، مېھمانخانىنىڭ زالىغا كىرىپلا پىيانىنودا ئورۇنلانغان ‹تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك› دېگەن مۇزىكىنى ئاڭلىدىم، خىزمەتچى خادىملار گۈل ۋە تورتنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى، بۇ مەنزىرىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇپ قالمايمەن!» دېدى جاۋ بىن.

### جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقنى قوغداش ئۈچۈن

تېببىي خادىملارنىڭ تېنى ساغلام بولغاندىلا ئاغرىقلارغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلالايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز تېببىي سەييارە داۋالاش ئەترىتى تەشكىللىدى، ئۇلار ھەر كۈنى تۇرۇشلۇق جاي قىلىنغان مېھمانخانىلارغا بېرىپ دوختۇر - سېسترالارغا قارىتا سەييارە داۋالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دوختۇر - سېسترالارنى كۈرەش ئىرادىسى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

«مەن ئازراق بىئارام بولۇۋاتىمەن دېسەملا، سەييارە داۋالاش ئەترىتىدىكىلەر دەرھال يۈرەك تىنچلاندۇرۇش دانچە دورىسى ئەكېلىپ بەردى.» 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا 5 - بىنا 3 - ئاغرىقلار رايونىدا، دوختۇر دىڭ يى كېچىلىك ئىسمىنىغا بېرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

«تۇرۇشلۇق جايلاردىكى مۇلازىمەت كاپالىتى ئالاقىچىلىرى ھەر كۈنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوختۇر - سېسترالارنىڭ ساغلاملىق ئۇچۇرلىرىنى توپلايدۇ ھەمدە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدۇ، بىز دەل ۋاقتىدا ئۇلارنى دىياگنوز قويۇپ داۋالايمىز ھەمدە دورىلارنى تۇرۇشلۇق جايغا ئاپىرىپ بېرىمىز» دېدى بۇ دوختۇرخانا تېببىي سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى گاۋ خۇي.

تېببىي خادىملارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ھەرقايسى چوڭ دوختۇرخانىلاردىن مۇتەخەسسىسلەرنى ئاجرىتىپ، پىسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش كەسپىي كوللېكتىپى تەشكىللىدى، ئۇلار توردا مەسلىھەت بېرىش، تور سىرتىدا بىرگەبىر پىسخىكىلىق يېتەكلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، تېببىي خادىملارنى پىسخىك ساغلاملىق بويىچە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ روھىي بېسىمى ۋە تەشۋىشلىنىش كەيپىياتىنى پەسەيتتى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدىكى 17 تېببىي خادىم پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى قوبۇل قىلدى، ھەمدە پىسخىكا مەسلىھەتچىسى ياڭ رۇڭغا ئەگىشىپ بەدەن بوشىتىش مەشىقى قىلدى.

«تېببىي خادىملار يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىدە ئەڭ مۇھىم، ئەڭ خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، بىر قىسىم كىشىلەردە سىزىمچان ئىنكاسنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.» ياڭ رۇڭ مۇنداق دېدى: «بىز پىسخىكىلىق باھالاش ئارقىلىق تېببىي خادىملاردىكى پىسخىكىلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئالدىن ئارىلىشىپ، تېببىي خادىملارنىڭ پىسخىك ساغلاملىقىنى قوغدايمىز».

### غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىش

تېببىي خادىملارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەربىر ئەۋەتكۈچى دوختۇرخانا يەنە مەخسۇس ئارقا سەپ كاپالەت كوللېكتىپى تەشكىللەپ، تېببىي خادىملارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن قەرەللىك ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ كونكرېت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشتىكى تۈرلۈك كاپالەت تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈردى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان ۋىراچ ياڭ ۋېنجۈننىڭ ئەڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى يەڭگىش ئالدىدىكى خوتۇنى ئىدى. بۇ ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىدىغان كادىر بىرىنچى ۋاقىتتا ياڭ ۋېنجۈننىڭ قېيىنئاچىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنى ياڭ ۋېنجۈننىڭ خوتۇنىغا ھەمراھ بولۇشقا ئاپىرىپ قويدى، ھەمدە ياڭ ۋېنجۈننىڭ ئۆيى تۇرۇشلۇق مەھەللە بىلەن ئالاقىنى ساقلاپ، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەھۋالىغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلدى.

«قىزىم، دورام تۈگەي دەپ قالدى، قانداق سېتىۋالىمەن؟» 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا، قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئىچكى ئاجراتما كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچى جاۋ خۇڭلى قېيىنئاتىسى ئۇرغان تېلېفوننى تاپشۇرۇۋالدى.

جاۋ خۇڭلىنىڭ قېيىنئاتىسى 2019 - يىلى ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان بولۇپ، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئىزچىل دورا يېۋاتاتتى. جاۋ خۇڭلى ئائىلىسىدىكىلەر يولۇققان قىيىنچىلىقنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، دوختۇرخانا ئېھتىياجلىق دورىلارنى دەرھال بوۋاي تۇرۇۋاتقان مەھەللىگە ئاپىرىپ، ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىرغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە تاپشۇردى. جاۋ خۇڭلىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.




## ئەر - خوتۇن پىدائىيلار

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى، خەۋىرى

«ۋاڭ ھەدە، دورىڭىزنى سېتىۋالدىم، ئۆيىڭىزدە ئۇن، ياغ، گۈرۈچ يېتەمدۇ؟ يەنە نېمە لازىم بولسا دەۋېرىڭ، بىز سىزگە ئالغاچ بارايلى.» 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق نەرسىلەر تىزىملىكىنى تەكشۈرۈپ - سېلىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى) يېڭىبىن يولى تەۋەلىك رايوننى باشقۇرۇش كومىتېتى سەنيۇۋ مەھەللىسىدىكى پىدائىي جى ۋېيگو بۇ مەھەللىدە يالغۇز تۇرىدىغان ياشانغان كىشى ۋاڭ لەنخۇاغا تېلېفون قىلدى.

جى ۋېيگو بىلەن خوتۇنى گاۋ جۈيۈەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بۇ مەھەللىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى. ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئەر - خوتۇن ئىككىسى دەم ئېلىشتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كېچىپ، مەھەللە تەشكىللىگەن پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىگە قاتنىشىپ، مەھەللە كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئاھالىلەرگە مۇلازىمەت قىلدى.

جى ۋېيگو بىلەن گاۋ جۈيۈەن ئولتۇراق رايوندىكى 66 ئائىلىلىككە تەقسىملەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە چىقىپ كەچ قايتىدۇ، ھەر كۈنى دېگۈدەك يان تېلېفوندىكى قەدەم ھېسابلاش كۆرسەتكۈچىدىكى قەدەم سانى 20 مىڭ قەدەمدىن ئېشىپ كېتىدۇ. «بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز. بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان دوختۇر - سېسترالارغا سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ جاپايىمىز ھېچقانچە ئەمەس. بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە تېزدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، بىز ھەممەيلەن كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك» دېدى جى ۋېيگو.





سۈرەت ①: 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، جى ۋېيگو ئەر - خوتۇن قاتارلىق پىدائىيلار ئاھالىلەرگە يەتكۈزۈلىدىغان زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى بۆلۈپ قاچىلىماقتا.

سۈرەت ②: جى ۋېيگو ئەر - خوتۇن كىچىك بالىسى بار ئاھالىلەرگە سۈت يەتكۈزمەكتە.

سۈرەت ③: جى ۋېيگو ئەر - خوتۇن تەقسىملەپ يەتكۈزۈش يولىدا.

سۈرەتلىك ھېكايە

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈزبەرگەندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى بىرىنچى ۋاقىتتا بېيجىڭ، جياڭسۇ، خۇبېي، سىچۈەن، گۇيجوۋ، گەنسۇ، گۇاڭدۇڭ، خېيلۇڭجياڭ، شاڭخەي، لياۋنىڭ، خۇنەن، شەندۇڭ قاتارلىق قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەردىن دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان سەۋىيەگە ئىگە، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسى مول مۇتەخەسسىسلەرنى يۆتكەپ يىغىپ، تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، شىنجاڭغا كېلىپ قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، قاتنىشىشقا ئەۋەتتى.

ئاپتونوم رايون مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەرنى يۆتكەپ تەقسىملەپ، دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلەشمە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى قانات يايدۇرۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن يېتەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى 25 داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ 33 داۋالاش ئەترىتىنى يۆتكەپ يىغدى، جەمئىي 1850 خادىم بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا ئورۇنلىشىپ قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى قانات يايدۇردى، ھەمدە كېيىنكى مەزگىللىك زاپاس ئەترەت تەييارلىدى، نۆۋەتتە شەخسىي مۇداپىئەلىنىش بويىچە تەربىيەلەش تاماملانغان بولۇپ، ھەر ۋاقىت بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارى تېز سۈرئەتتە كۈنىگە 800 مىڭ ئادەم(نۇسخا)دىن ئارتۇققا يېتىپ، «تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق تەكشۈرۈش، تەكشۈرتۈشنى خالىسىلا تولۇق تەكشۈرۈش»كە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇ، بۇ نۆۋەتلىك يۇقۇمدىن بۇيان بىر كۈندە دوختۇرخانىدىن چىققانلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر كۈن. شۇ كۈنى يەنە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يەتتە يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 185، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 78 بولۇپ، جەمئىي 263 بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لېي ۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالىنىڭ 40ى ئادەتتىكى تىپلىق، يەتتىسى يېنىك تىپلىق. دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر - سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، يۇقىرىقى ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۆرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 - نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.